(بېشى 19 ـ بەتتە)

**4 ـ پاراگراف يۇقىرى ساپالىق كەسىپلەشكەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش**

يۇقىرى سەۋىيەلىك زامانىۋى ئوقۇتقۇچىلار مائارىپى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلىق ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم بېرىپ ئادەم تەربىيەلەش ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىر تۈركۈم سىفەن مائارىپى بازىلىرىنى نۇقتىلىق قۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار مائارىپىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىپ، سىفەن ئوقۇغۇچىلىرىنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن تەربىيەلەش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مائارىپ تۈردىكى ئاسپىرانتلار ۋە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان سىفەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئىمتىھانسىز بېكىتىش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. يۇقىرى سەۋىيەلىك تېخنىكىلىق پەنلەر ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا سىفەن كەسپلىرىنى تەسىس قىلىشىغا مەدەت بېرىپ، ئالىي مەكتەپ، كەسپىي مەكتەپ ۋە كەسپىي كارخانىلار بىرلىشىپ «قوش سالاھىيەتلىك» ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى باشقۇرۇش ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشتاتىنى تەقسىملەش ۋە رايون ھالقىپ تەڭشەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ «ناھىيە باشقۇرۇش، مەكتەپ تەكلىپ قىلىش» باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئىش ئورنى نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش كېرەك.

**5 ـ پاراگراف مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش**

يېڭى دەۋردىكى مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپنى باھالاش تۈزۈمى ۋە مېخانىزمى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ساپا مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ساغلام ئىنسانىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مائارىپنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ خىراجىتى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، خىراجەت ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىراجەت ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىچكى ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى مەكتەپ ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىشقا تەرتىپلىك يېتەكلەش كېرەك. ئىمتىھان ئېلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. پۇقراۋى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك مەكتەپ باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. تور مائارىپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشچان جەمئىيەت بەرپا قىلىش لازىم. يۇقىرى سەۋىيەلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ بايلىقىنى ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىزىملىتىپ ئۆگىنىش ۋە ئېلاستىك ئۆگىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

**16 ـ جەدۋەل مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشلىرى**

| | |
|---|---|
| 01 | **ئومۇمىي مەنپەئەتدار يەسلى**<br>نوپۇس مەركەزلىك كۆچۈپ كىرىدىغان جايلار، يېزا رايونلىرى ۋە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 20 مىڭ يەسلىنى يېڭىدىن قۇرۇش ۋە كېڭەيتىش، 4 مىليوندىن ئارتۇق ئومۇمىي مەنپەئەتدار بالا ئورنىنى كۆپەيتىش كېرەك. |
| 02 | **ئاساسىي مائارىپ**<br>مائارىپ ئاساسى ئاجىز ناھىيەلەر ۋە نوپۇس كۆچۈپ كىرىدىغان جايلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 4000دىن ئارتۇق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنى يېڭىدىن قۇرۇش، ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش لازىم. چېگرا رايوندىكى ناھىيە(تۇەن ـ مەيدان )لەردە «دۆلەت دەرۋازىسى مەكتىپى»دىن 100نى قۇرۇش كېرەك. |
| 03 | **كەسپىي تېخنىكا مائارىپى**<br>200دىن ئارتۇق يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسپىي ئالىي مەكتەپ قۇرۇش ۋە 600دىن ئارتۇق يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسپ تەسىس قىلىشنى قوللاپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى قۇرۇش ۋە ئەلا سۈپەتلىك كەسپلەرنى تەسىس قىلىشقا مەدەت بېرىش كېرەك. |
| 04 | **ئالىي مائارىپ**<br>«ئىككىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان» ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇل تەتقىقات ۋە ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايوندىكى 100 تولۇق كۇرس ئالىي مەكتىپىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيەلىك ئاممىۋى سەھىيە شۆبىلىرى ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىك سىفەن مەكتەپلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇرۇش كېرەك. |
| 05 | **ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش سۈپىتى**<br>توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتىر يولى، سۈنئىي ئەقىل، سانائەت ئالاقە تورى، ئېنېرگىيە ساقلاش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى چۆرىدەپ، دۆلەتنىڭ بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتىش سۈپىتى ۋە ئاسپىرانتلارنى بىرلىشىپ تەربىيەلەش بازىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇرۇش لازىم. يۇقىرى سەۋىيەلىك، كەسپلەشكەن، ئېچىۋېتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش پىراكتىكا بازىسىدىن 100نى قۇرۇش كېرەك. |

## 44 ـ باب ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش

خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە مۇداپىئە تورىنى مۇستەھكەملەپ، خەلقنى ھەر تەرەپلىمە، ئۆمۈرلۈك ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش**

كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، كۆزىتىش، سىگنال بېرىش، خەۋپ ـ خەتەرنى باھالاش، ئېپىدېمىئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، جىددىي بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇقىم ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاساسىي شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاممىۋى سەھىيە مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش لازىم. تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىنى كۆزىتىش، سىگنال بېرىش، بىرتەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەجرىبىخانا تەكشۈرۈش تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، داۋالاش، قۇتقۇزۇش، پەن ـ تېخنىكا تىرەكلىكى، ماددىي ئەشيا كاپالىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دەرىجە، قاتلام، ئېقىمغا ئايرىلغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالاش تورى بەرپا قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى ئىمارەتلەردە ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن يۇقۇم مەزگىلى بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆزگەرتىش ئېغىزىنى ئالدىن تەسىس قىلىش كېرەك. چېگرا ئېغىزى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە شۆبىلىرى ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىممۇنىتېت پىلانىنى كېڭەيتىپ، سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بالدۇر تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىۋېرسال تەسىر كۆرسىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. پسىخىكا ساغلاملىقى ۋە روھىي ساغلاملىق مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ـ ساقلىق ساقلاش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش**

ئاساسىي داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇپ، داۋالاش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى يېتەكچى، ھۆكۈمەت داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ئاساسىي گەۋدە، ھۆكۈمەت ئىلكىدە بولمىغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلىما قىلىپ، داۋالاش مۇلازىمەت بايلىقى تەمىناتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تېز ئورنىتىپ، ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى، كادىرلار ئىش ھەققى، ئىشتات باشقۇرۇش ۋە ئۈنۈم باھالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنىڭ كۆپىيىشى ۋە رايونلارغا تەڭپۇڭ جايلىشىشىنى تېزلىتىپ، دۆلەت مېدىتسىنا مەركىزى ۋە رايونلۇق داۋالاش مەركەزلىرىنى قۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەھەر مەھەللىسى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلىمى، چېگرا پورت شەھەرلىرى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شەھەر ـ يېزا داۋالاش مۇلازىمەت تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دەرىجە بويىچە داۋالاش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، داۋالاش بىرلەشمىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، پەرۋىش قىلىش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت دورا ۋە خورىما ماتېرىياللارنى مەركەزلىك سېتىۋېلىپ ئىشلىتىشكە تەشكىللەشلىك قىلىش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، سەرخىل داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. دورا، ۋاكسىنا، داۋالاش سايمانلىرى قاتارلىقلارنى تېز تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كلىنىكىدا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ۋە كەم كۆرۈلىدىغان كېسەللەرنى داۋالايدىغان دورا، داۋالاش سايمانلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى تېزلىتىپ، كلىنىكىدا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان، چېگرا سىرتىدا بازارغا سېلىنغان يېڭى دورا ۋە يېڭى داۋالاش سايمانلىرىنى چېگرا ئىچىدە تېزدىن بازارغا سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تېببىي خادىملارنى تەربىيەلەشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ۋە كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، دوختۇر كەمچىل بولۇۋاتقان بالىلار بۆلۈمى، ئۇنىۋېرسال بۆلۈملەرگە دوختۇر كۆپەيتىپ، ھەر 1000 نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان رويخەتلىك سېستىرا سانىنى 3.8گە يەتكۈزۈش كېرەك. دوختۇرلارنى ئۆز رايونىدا رويخەتكە ئېلىشنى يولغا قويۇپ، دوختۇرلارنىڭ كۆپ ئاپپاراتتا كەسپكارلىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئائىلە دوختۇرى كېلىشىملىك مۇلازىمىتى بىلەن قاپلىنىش دائىرىسىنى پۇختا قەدەم بىلەن كېڭەيتىپ، كېلىشىملىك مۇلازىمەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ دوختۇرخانا ئېچىشىنى قوللاپ، تەجرىبىلىك كەسپىي دوختۇرلارنىڭ شىپاخانا ئېچىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف ئومۇمىي خەلق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ مۇقىم، ئىمكانىيەتلىك سىجىل مەبلەغ غەملەش ۋە تەمىنات تەڭشەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەق تاپشۇرۇپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالىنىش كاپالىتى تەمىنات تىزىملىكى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى شەھەر دەرىجىلىك بىرتۇتاش پىلانلاشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆلكە دەرىجىلىك بىرتۇتاش پىلانلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە ئامبۇلاتورىيەدە ئۆزئارا ياردەم بېرىش كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېغىر كېسەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە قۇتقۇزۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇندەرىجىسىنى ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدا كېسەل تۈرى بويىچە ھەق تۆلەش ئاساس قىلىنغان كۆپ مەنبەلىك بىرىكمە چىقىم ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش كېرەك. شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاقە تورى داۋالاش مۇلازىمىتىنى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، باشقا جايدا داۋالىنىش ھەققىنى راسچوت قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، بېجىرىش مۇلازىمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئۇزاق مۇددەتلىك پەرۋىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئورنىتىش كېرەك. سودا داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

**4 ـ پاراگراف جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش**

جۇڭگو تىبابىتى بىلەن غەرب تىبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى تولۇقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. جۇڭگو تىبابىتى بىلەن غەرب تىبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت تىبابىتى ـ دورىگەرلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كلاسسىك تېببىي ئەسەرلەرنى رەتلەش ۋە قېزىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكى پەن ـ تېخنىكا تىرەك سۈپىتى قۇرۇپ، جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگو تىبابىتىدە يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ يارىتىشنى قوغداپ ۋە كەسپلىشىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكى خاس ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**5 ـ پاراگراف تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش**

ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن ساپاسىنى ئاشۇرۇش لازىم. ساغلاملىق ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈپ، تەنتەربىيە بىلەن مائارىپنىڭ، تەنتەربىيە بىلەن ساقلىق ساقلاشنىڭ، تەنتەربىيە بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەنتەربىيە مەيدانى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ۋە مەكتەپ مەيدان ـ سارايلىرىنى ئېچىۋېتىش ـ ھەمبەھىرلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بەدەن چېنىقتۇرۇش يولى قاتارلىق قولايلىق چېنىقىش سورۇنلىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەنتەربىيە باغچىلىرىنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەلكۈن مۇداپىئەسى بىخەتەرلىكىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتىدە دەريا ساھىلى قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى تەنتەربىيە ئەسلىھەسى قۇرۇشنى قوللاش كېرەك. مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسى ۋە دەرستىن سىرتقى چېنىقىش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۇقرالارنىڭ تەن ساپاسىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشنى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇش كېرەك. مەدەنىيەت تەربىيەسى بىلەن كەسپىي مەشىققە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ماھارەت تەنتەربىيەسى زاپاس ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ماھارەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى تۈرلەردىكى ئەۋزەللىكنى مۇستەھكەملەپ، پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالىبولنىڭ جۇڭگوچە تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە كەسپىي تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. تەنتەربىيە ئىستېمالىنى كېڭەيتىپ، چېنىقىش ئىستىراھىتى، دالا ھەرىكىتى قاتارلىق تەنتەربىيە كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە خاڭجوۋ ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك.

**6 ـ پاراگراف ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش**

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلى يېتىلدۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. ئاممىۋى سەھىيە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەھەر ـ يېزا مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەل تارقاتقۇچى جانلىقلاردىن مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىش لازىم. پاكىز شەھەر ـ بازار بەرپا قىلىشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ساغلاملىق تەربىيەسى ۋە ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياخشى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى توسۇپ، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىشنى ئازايتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قالايمىقان يېيىش قاتارلىق قالاق ئادەتلەرنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئايرىم غىزالىنىش، ئورتاق چوكا ئىشلىتىش، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ تاشلاش قاتارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

**17 ـ جەدۋەل ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق كاپالىتى قۇرۇلۇشلىرى**

| | |
|---|---|
| 01 | **كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش**<br>جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ 2 ـ قارارلىق تۈرىنى باشلاپ، ھازىرقى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىغا تايىنىپ، 15تەك رايونلۇق ئاممىۋى سەھىيە مەركىزى قۇرۇپ، 20دەك دۆلەت ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش بازىسى، 20دەك دۆلەت جىددىي تېببىي قۇتقۇزۇش بازىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. |
| 02 | **دۆلەت مېدىتسىنا مەركىزى**<br>يۈرەك قان تومۇر، نەپەس يولى، ئۆسمە، جاراھەت، بالىلار كېسەللىكلىرى قاتارلىق دۆلەت مېدىتسىنا مەركىزى قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىش لازىم. ئېغىر كېسەللەرنى نىشانلاپ، دۆلەت ئىچىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە يۇقىرى سەۋىيەلىك مېدىتسىنا مەركىزى ۋە مېدىتسىنا ئىجادىيىتىنى ئايلاندۇرۇش مەركىزىدىن بىرنەچچىنى بەرپا قىلىش لازىم. |
| 03 | **رايونلۇق داۋالاش مەركىزى**<br>يۇقىرى سەۋىيەلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ سىرتقا داۋالانغىلى چىقىدىغانلار كۆپ، داۋالاش بايلىقى ئاجىز ئۆلكىلەردە بىر تۈركۈم رايونلۇق داۋالاش مەركىزى قۇرۇشنى قوللاپ، خېبېي، خېنەن، شەنشى، لياۋنىڭ، ئەنخۇي، فۇجيەن، يۈننەن، شىنجاڭ قاتارلىق رايونلاردا داۋالاش مەركىزى قۇرۇش لازىم. |
| 04 | **ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار**<br>ئۆلكە، شەھەرلەردىكى سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭىدىن ناھىيە دەرىجىلىك 500 دوختۇرخانا(جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئەسلىھە شارائىتى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى 3 ـ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭكىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. |
| 05 | **جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش**<br>دۆلەت جۇڭگو تىبابىتى ـ دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىدىن 20دەكنى، جۇڭگو تىبابىتى بىلەن غەرب تىبابىتىنى بىرلەشتۈرگەن بايراقدار دوختۇرخانىدىن 20دەكنى، جۇڭگو تىبابىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش بازىسىدىن 20دەكنى، جۇڭگو تىبابىتى نۇقتىلىق دوختۇرخانىسىدىن 100دەكنى قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو تىبابىتى ئەۋزەللىككە ئىگە بىر تۈركۈم مەخسۇس بۆلۈملەرنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. |
| 06 | **ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدان ئەسلىھەلىرى**<br>1000دەك تەنتەربىيە باغچىسىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇپ، دالا تەنھەرىكىتى، چېنىقىش ئىستىراھىتى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەلەرنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئاممىۋى پۇتبول مەيدانى ۋە تەنتەربىيە ـ بەدەن چېنىقتۇرۇش يولى قۇرۇلۇشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. |

## 45 ـ باب ياشانغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە پائال ھازىرلىق كۆرىدىغان دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش

ئۇزاق مۇددەتلىك نوپۇس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تۈزۈپ، تۇغۇت سىياسىتىنى ياخشىلاپ، ياشانغانلار ۋە بالىلارنى كاپالەتلەندۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان نوپۇس مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نوپۇسنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەڭپۇڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف مۇۋاپىق تۇغۇت سەۋىيەسىنى ساقلاشقا تۈرتكە بولۇش**

تۇغۇت سىياسىتىنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، تۇغۇت سىياسىتى بىلەن ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي سىياسەتنىڭ يۈرۈشلىشىشى ۋە جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئائىلىنىڭ تۇغۇش، بېقىش، تەربىيەلەش يۈكىنى يېنىكلىتىپ، تۇغۇت سىياسىتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئۇرغۇتۇش لازىم. بالىلارنى بېقىش، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياشانغانلارنى كۈتۈش، ئاغرىقلار ۋە مېيىپلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا دائىر سىياسەتلەرنى ۋە تۇغۇت دەم ئېلىشى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىلارغا بالا بېقىش دەم ئېلىشى بېرىشنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. ساغلام تۇغۇپ ئوبدان بېقىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا مۇلازىمەت قىلىشنى ياخشىلاپ، ھامىلدار بولۇش ئالدىدىكى ۋە ھامىلدارلىق ـ تۇغۇت مەزگىلىدىكى ساغلاملىق مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پىلانلىق تۇغۇتقا ئەمەل قىلغان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى ھەر تەرەپلىمە يۆلەش ـ كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم. نوپۇسنى ئىستاتىستىكىلاش ۋە كۆزىتىش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۇغۇت ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىش كېرەك. نوپۇس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نوپۇس ۋە تەرەققىيات ھەققىدە ئۇنىۋېرسال تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف بوۋاقلار ـ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر سىياسەتلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

ئومۇمىي مەنپەئەتدار ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بوۋاقلار ـ بالىلارنىڭ بېقىش مۇلازىمىتى ۋە دەسلەپكى يېتىلىشىنى قوللاش سىياسىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئائىلىدە بېقىشنى ۋە مەھەللە مۇلازىمىتىنى قوللاش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئائىلىلەرنىڭ بالىنى ئىلمىي بېقىش ـ تەربىيەلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. شەھەر ـ بازار مەھەللىلىرىدە يۈرۈشلۈك يەسلى قۇرۇش سىياسىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى بوۋاقلار ـ بالىلارنى بېقىش مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، شارائىتى يار بېرىدىغان ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ بوۋاقلار ـ بالىلارنى بېقىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشىگە ئىلھام بېرىپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات قاتارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمىتى قىلىشىنى قوللاپ، يەسلىلەرنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن بالا بېقىش مۇلازىمىتى ئېچىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. بوۋاقلار ـ بالىلارنى بېقىش مۇلازىمىتىنىڭ كەسپلىشىپ قېلىپلىق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بېقىش ـ تەربىيەلەش سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

كۈتۈنۈش ئىشلىرى بىلەن كۈتۈنۈش كەسپلىرىنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي كۈتۈنۈش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئائىلىلەرنىڭ كۈتۈنۈش فۇنكسىيەسىنى زىممىسىگە ئېلىشىنى قوللاپ، ئائىلىلەر بىلەن مەھەللە ئاپپاراتلىرى ئۆزئارا ماسلىشىدىغان، داۋالىنىش، كۈتۈنۈش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كۈتۈنۈش مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. مەھەللىدە كۈتۈنۈش، ئائىلىدە كۈتۈنۈش مۇلازىمەت تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنى ياشانغانلارغا مۇۋاپىق قىلىپ ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسپىي ئاپپارات مۇلازىمىتىنىڭ مەھەللىلەرگىچە كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ساقلانما بايلىقتىن بىرىكتۈرۈپ پايدىلىنىش ئارقىلىق مەھەللىگە سىڭىشىپ كۈتۈنۈشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ۋە تولۇق چىقالمايدىغان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنى تۆگەل كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېزا ھەمكارلىق ساناتورىيەسى قاتارلىقلاردا ھەمكارلىشىپ كۈتۈنۈشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەت قۇرىدىغان، پۇقرا تىجارەت قىلىدىغان باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەربىيەلەش ـ دەم ئالدۇرۇپ داۋالاش بايلىقىنىڭ كۈتۈنۈش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاپ، پەرۋىشلىك پۇقراۋى كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرىغا سىياسەت جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ، شەھەر ـ كارخانا ھەمتۈرتكىلىكىدىكى ئومۇمىي مەنپەئەتدار كۈتۈنۈش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 21 ـ بەتتە)